السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# كىمكى ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق دەپ، ئاللاھنىڭ غەيرىدە چوقۇنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ مىلى، قېنى ھارام بولىدۇ، (يەنى قوغدىلىنىدۇ) ئۇنىڭ ھېسابى ئاللاھقا بولىدۇ

تارىق بىن ئەشيەم ئەشجەئىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق دەپ، ئاللاھنىڭ غەيرىدە چوقۇنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ مىلى، قېنى ھارام بولىدۇ، (يەنى قوغدىلىنىدۇ) ئۇنىڭ ھېسابى ئاللاھقا بولىدۇ».

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كىمكى تىلى بىلەن گۇۋاھلىق ئېيتىپ: «ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق دېسە» يەنى: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھەقىقى مەئبۇد بەرھەق يوق دەپ، ئاللاھنىڭ غەيرىگە چوقۇنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلسا، ئىسلام دىنىدىن باشقا بارلىق دىنلاردىن ئادا-جۇدا بولسا، مۇسۇلمانلارغا ئۇ كىشىنىڭ جېنى ۋە مىلى ھارام بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ سىرتقى ئەمىلىگە قارايمىز، ئىسلام قانۇنىدىكى ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈش ۋە مېلىنى مۇسادىرە قىلىش توغرىسىدىكى قانۇنغا خىلاپ بولغان ئىش-ھەرىكەتلەرنى قىلمىغانلا بولسا، ئۇ كىشىنىڭ جېنىغا ۋە مېلىغا چېقىلىش توغرا بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ ھېسابىغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ، ئەگەر سەمىمى بولسا ئۇنىڭغا ساۋاپ بېرىدۇ، ئەگەر ساختىلىق قىلغان بولسا ئۇنىڭغا كۆرە جازا بېرىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6765

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee